# 109287 - ۋىدالىششى تاۋاپى پەقەت ھەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇرۇس بولىدۇ

## سوئال

زۇلھەججە ئېيىنىڭ 12- كۈنى (يەنى قۇربان ھېيتىنىڭ 3-كۈنى) ئەتتىگەندە ھەرەمگە كىرىپ، ۋىدالىششى تاۋاپى قىلىپ، ئاندىن مىناغا قايتىپ شۇ كۈنلۈك تاشنى ئېتىپلا ئۆز يۇرتىغا سەپەر قىلسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ھەج پائالىيىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەمەل ۋىدالىششى تاۋاپى بولۇپ، ھەج پائالىيىتىنى تولۇق ئادا قىلماي تۇرۇپ ۋىدالىششى تاۋاپى قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، **«ئىنسانلارنىڭ ھەج پائالىيىتىدە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىبادىتى كەبىنى تاۋاپ قىلىشتۇر،»**دەپ بايان قىلىنغان. [بۇخارى رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنى مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت، سالاملىرى بولسۇن.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتىئەزالىرىدىن: شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز، شەيخ ئابدۇلرەززاق ئەپىپىي، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى غۇدەييان ۋە شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى قەئۇد قاتارلىقلار.